## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىن ئېچىپ

# 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 5 - ئومۇمىي يىغىنىنى ئېچىشنى قارار قىلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

ماۋ زېدۇڭ ئىدىيەسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسى، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەسى، ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەرەققىيات ۋە خەۋپسىزلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئىقتىسادنىڭ پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىشى، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقى، ئىناقلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن ياخشى ۋەزىيەت ئېچىش، ياخشى قەدەم ئېلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: «14 - بەش يىل» مەزگىلىدە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا، جەزمەن پارتىيە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا رەھبەرلىك قىلىش تۈزۈلمە مېخانىزمدا چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تۈپ كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك. جەزمەن باشتىن - ئاخىر تەرەققىيات خەلق ئۈچۈن بولۇش، تەرەققىياتتا خەلققە تايىنىش، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن خەلق ئورتاق بەھرىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى ئۈزلۈكسىز ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. جەزمەن يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى تەرەققىياتنىڭ پۈتكۈل جەريانى ۋە ھەرقايسى ساھەلىرىگە سىڭدۈرۈپ، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، تېخىمۇ ئادىل، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سېجىل، تېخىمۇ بىخەتەر تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. جەزمەن ئىسلاھاتنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئالغا سىلجىتىپ، ئېچىۋېتىشنى داۋاملىق كېڭەيتىپ، تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە ھاياتىي كۈچىنى سېجىل كۈچەيتىش كېرەك. جەزمەن ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن تەپەككۇر قىلىش، پۈتۈن ۋەزىيەت خاراكتېرلىك پىلانلاش، ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇش، بىر پۈتۈن گەۋدە بويىچە ئالغا سىلجىتىشنى كۈچەيتىپ، تەرەققىياتنىڭ كۆلىمى، سۈرئىتى، سۈپىتى، قۇرۇلمىسى، ئۈنۈمى، بىخەتەرلىكىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: بۇ يىلدىن بۇيان، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئېغىر زەربىسى ئالدىدا، بىز خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى 1 - ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ماكرولۇق سىياسەتنىڭ تاقابىل تۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاشتا مۇھىم، زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق. ئىقتىساد پۇختا قەدەم بىلەن ئەسلىگە كېلىۋاتىدۇ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئايمۇئاي ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىۋاتىدۇ، 2 - پەسىلدە ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى كۆزلىمىدىن كۆرۈنەرلىك ياخشى بولدى، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى پۇختا ئالغا سىلجىتىلدى، ئىقتىساد قۇرۇلمىسى سېجىل ئەلالاشتى، كەسىپلەرنى رەقەملەشتۈرۈپ، ئاقىللاشتۇرۇپ تېپىنى ئۆزگەرتىش كۆرۈنەرلىك تېزلەشتى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋاملىق چوڭقۇرلاشتى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە بولدى. بۇ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى، پارتىيە رەھبەرلىكىنىڭ قەتئىي كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ ئېلاستىكلىقىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئىجادىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بەردى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ھازىرقى ئىقتىسادىي ۋەزىيەت يەنىلا مۇرەككەپ، كەسكىن، مۇقىمسىزلىق، ئېنىقسىزلىق بىر قەدەر چوڭ، بىز دۇچ كەلگەن ناھايىتى نۇرغۇن مەسىلە ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك، جەزمەن ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇش نۇقتىسىدىن يەنىمۇ تونۇپ، دۆلەت ئىچىدە چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى - خەلقئارا قوش ئايلىنىش بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى تېز شەكىللەندۈرۈش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمى بەرپا قىلىش، قۇرۇلمىنى تەڭشەشنىڭ ئىستراتېگىيەلىك يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشقا تېخىمۇ كۆپ تايىنىش، ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەشنى دەۋرىيلىكتىن ھالقىپ لايىھەلەش ۋە تەڭشەشنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، مۇقىم ئاشۇرۇش ۋە خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئۇزاق مەزگىل تەڭپۇڭ بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: كېيىنكى يېرىم يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى بىرتۇتاش پىلانلاپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلملىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت بۇ ئىستراتېگىيەلىك ئاساسىي نۇقتىنى پۇختا ئىگىلەپ، بازار سۇبيېكتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى زور كۈچ بىلەن قوغداپ ۋە قوزغىتىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، جەمئىيەت مۇقىملىقى چوڭ ۋەزىيىتىنى قوغداپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نىشان - ۋەزىپىلىرىنى تىرىشىپ ئورۇنداش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ماكرولۇق سىياسەتنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. مالىيە سىياسىتىدە تېخىمۇ ئاكتىپ نەتىجە يارىتىش، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. مۇھىم، زور تۈر قۇرۇلۇشى مەبلىغىگە كاپالەتلىك قىلىش، سۈپەت ۋە ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. پۇل سىياسىتى تېخىمۇ جانلىق، مۇۋاپىق بولۇشى، يۆنىلىشى دەل جايىدا بولۇشى كېرەك. پۇلنىڭ تەمىنات مىقدارى ۋە جەمئىيەت مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كۆلىمىنىڭ مۇۋاپىق ئېشىشىنى ساقلاپ، ئۇنىۋېرسال مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش تەننەرخىنىڭ كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. يېڭىدىن كۆپەيگەن يۈرۈشتۈرۈلگەن مەبلەغنىڭ نۇقتىلىق ھالدا ياسىمچىلىق، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارغا يۈزلىنىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ماكرولۇق ئىقتىساد سىياسىتى ماسلاشتۇرۇش، ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، مالىيە، پۇل سىياسىتىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش، كەسىپ، رايون قاتارلىق سىياسەتلەر بىلەن توپلانما ئۈنۈم ئېففېكتى شەكىللەندۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى قىلچە بوشاشماي ياخشى تۇتۇپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، داۋالاش - سەھىيە ماددىي ئەشيالىرى زاپىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلقئارا ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق ئىنسانىيەت سەھىيە - ساغلاملىق ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. دۆلەت ئىچى ئېھتىياجىنى سېجىل كېڭەيتىپ، يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى يېڭىپ، ئاخىرقى ئىستېمالنى كېڭەيتىپ، ئاھالىلەر ئىستېمالىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن شارائىت يارىتىش كېرەك. كەلگۈسىنى كۆزلەپ، ئۈنۈملۈك سېلىنمىنى پائال كېڭەيتىپ، جەمئىيەت كاپىتالىنىڭ قاتنىشىشىغا ئىلھام بېرىش كېرەك. يېڭى تىپتىكى ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، مۇھىم، زور رايون تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، دۆلەتنىڭ مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك تۈرلىرىنى يولغا قويۇش قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك. يېڭىچە شەھەر - بازارلاشتۇرۇش ئارقىلىق سېلىنما ۋە ئىستېمال ئېھتىياجىغا تۈرتكە بولۇپ، شەھەرلەر توپى، مەركىزىي شەھەر چەمبىرىكىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈزۈلمە - مېخانىزمدا يېڭىلىق يارىتىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ مۇقىملىقى ۋە رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇش، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش ۋە ئارتۇقچىلىقلارنى مۇستەھكەملەشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇللۇق ئورنىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن مۇستەھكەملەش كېرەك. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى تېخىمۇ زور سالماق بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق تىجارەت - سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ئىسلاھاتى ئۈچ يىللىق ھەرىكەت لايىھەسىنى ياخشى يولغا قويۇپ، ئېچىۋېتىشنى داۋاملىق كېڭەيتىش كېرەك. كاپىتال بازىرىنىڭ ئاساسىي تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئاكسىيەگە دائىر قانۇنغا خىلاپ پائالىيەتلەرگە قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىپ، كاپىتال بازىرىنىڭ تەكشى، مۇقىم، ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئۆيىنى پۇل تېپىش ۋاستىسى قىلىۋالماي، تۇرالغۇ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆي - زېمىن بازىرىنىڭ تەكشى، مۇقىم، ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى ياخشى ئىشلەش، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، يۇقۇمنىڭ ياشلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا بولغان تەسىرىنى پەسەيتىش، سىرتقا چىقىپ ئىشلەيدىغان دېھقان ئىشلەمچىلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، يۇرتىغا قايتقان دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش سالمىقىنى زورايتىپ، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۆلچەمدە يېزىلاردىكى نامرات ئاھالىنىڭ ھەممىسىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا، نامرات ناھىيەلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قالپىقىنى ئېلىۋېتىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تۈزەش جېڭىنى داۋاملىق ياخشى قىلىپ، چاڭجياڭ دەرياسى، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئېكولوگىيەسىنى قوغدايدىغان بىر تۈركۈم مۇھىم، زور قۇرۇلۇشلارنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، چاڭجياڭ دەرياسىدا ئون يىل بېلىق تۇتۇشنى مەنئى قىلىشنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش، باشقۇرۇشنى ياخشى تۇتۇپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشنى كۈچلۈك تەشكىللەپ، جەنۇب بىلەن شىمالدىكى دەريا - ئېقىنلارنىڭ كەلكۈندىن بىخەتەر ئۆتۈشىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇپ، ئاپەتتىن كېيىنكى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، قايتا قۇرۇشنى كۆڭۈل قويۇپ پىلانلاپ، خەلقنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

(بېشى 1 - بەتتە)

سۆھبەت يىغىنىدا، جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋەن ئېشياڭ، جۇڭگو دېموكراتىيە ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى دىڭ جۇڭلى، جۇڭگو دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى خاۋ مىڭجىن، جۇڭگو دېموكراتىيەنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى سەي دافېڭ، جۇڭگو دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى چېن جۇ، جۇڭگو ئادالەتچىلەر پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋەن گاڭ، «3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋۇ ۋېيخۇا، تەيۋەن دېموكراتىك ئاپتونومىيە ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى سۇ خۈي، مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى گاۋ يۈنلۇڭ، پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلار ۋەكىلى لى ۋېي ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سۆز قىلدى. ئۇلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھازىرقى دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى تەھلىلى ۋە كېيىنكى يېرىم يىللىق ئىقتىساد خىزمىتى توغرىسىدىكى ئويلىنىشىنى قۇۋۋەتلىدى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە دۆلىتىمىزنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە قولغا كەلتۈرگەن گەۋدىلىك مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە يۈكسەك باھا بەردى ھەم دۆلەت ئىچى - خەلقئارا قوش ئايلىنىش بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى بەرپا قىلىش، ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەشتە ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، ئالدىن كۆرەرلىككە ئىگە سىياسەت زاپىسىنى ياخشى قىلىش، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ دۆلىتىمىزنىڭ كەسىپ زەنجىرى ۋە تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش، سەھىيە - ساغلاملىق ئىشلىرى تەرەققىياتىدا پەن - تېخنىكىنى تىرەك قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىش ئورنى ئېچىش، ئاشلىق بىخەتەرلىكىدە تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقنى پۇختا ئىگىلەش، كارخانىلارنىڭ يېڭى ئېكولوگىيەسىنى بەرپا قىلىپ، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش، سېلىنمىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، سېلىنما ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشقا پۇختا قەدەمدە تۈرتكە بولۇپ، ياخشى خەلقئارا مۇھىت بەرپا قىلىش قاتارلىقلار توغرىسىدا پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

كۆپچىلىكنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن، شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق بىلدۈردى: بايا، كۆپچىلىك سۆزىدە ئالدىنقى يېرىم يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى ھەم ھازىرقى ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى توغرا تونۇش، كېيىنكى يېرىم يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا قاراتمىلىقى ناھايىتى كۈچلۈك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، بىز ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، پائال قوبۇل قىلىمىز.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ يىل باشلىنىشى بىلەنلا، بىز تۇيۇقسىز يۈزبەرگەن بىر مەيدان كەسكىن سىناققا دۇچ كەلدۇق. بۇ قېتىمقى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان دۆلىتىمىز دۇچ كەلگەن تارقىلىش سۈرئىتى ئەڭ تېز، يۇقۇملىنىش دائىرىسى ئەڭ كەڭ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش قىيىنلىق دەرىجىسى ئەڭ چوڭ بولغان بىر قېتىملىق تۇيۇقسىز يۈزبەرگەن ئېغىر، زور ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەسى بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا مىسلىسىز زەربە ئېلىپ كەلدى. بۇ مەيداننى كەسكىن كۈرەشتە، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىلىرى ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كەڭ ئەزالارنى داۋالاش ياردىمى بېرىش، پەن تەتقىقات ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، پۇل - ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلىش، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، چارە - تەدبىر كۆرسىتىش قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرگە پائال ئاتلىنىشقا يېتەكلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلبە قىلىش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى. كۆپچىلىك ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، «ئىسلاھات، يېڭىلىق يارىتىشنى پائال ئالغا سىلجىتىش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى قوزغىتىش»، «ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ياخشىلاش» قاتارلىق جەھەتلەرنى چۆرىدەپ، جايلارغا ھاۋالە قىلىش، ئۇچۇرلاشتۇرۇش ۋاستىسىنى قوللىنىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى جانلىق قانات يايدۇرۇپ، تىرىشىپ ئەھۋالنى ئىنىقلاپ، مەسىلىلەرنى توغرا تېپىپ، تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىي ئوتتۇرىغا قويدى. بولۇپمۇ يۇقۇمنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا چىقارغان «كۆپەيتىلگەن سىناق سوئالى»غا قارىتا، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلاردىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار كۆپ خىل شەكىل ۋە يول ئارقىلىق بىرىنچى قول ماتېرىياللىنى ئىگىلەپ، بىرىنچى سەپنىڭ ساداسىنى ئاڭلاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا بولغان دېموكراتىك نازارەتچىلىكنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلبە قىلىش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھازىر يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتى تەكشى، مۇقىم بولۇۋاتىدۇ، ئىقتىسادنىڭ يۈرۈشۈشى ئاساسىي جەھەتتىن ئەسلىگە كەلدى، 3 -، 4 - پەسىلدە پۇرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، ئالدىنقى يېرىم يىلدىكى زىياننى تىرىشىپ تولۇقلاش كېرەك. مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى بىرتۇتاش پىلانلاپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلملىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك ئاساسىي نۇقتىنى مەھكەم ئىگىلەپ، بازار سۇبيېكتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى زور كۈچ بىلەن قوغداپ ۋە قوزغىتىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ماكرولۇق ئىقتىساد سىياسىتىنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ مۇقىملىقى ۋە رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى تېخىمۇ زور سالماق بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، جەمئىيەت مۇقىملىقى چوڭ ۋەزىيىتىنى قوغداپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نىشان - ۋەزىپىلىرىنى تىرىشىپ ئورۇنداش كېرەك.

شى جىنپىڭ ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىلىرى ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلارغا قارىتا ئۈچ تۈرلۈك ئۈمىدنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىرىنچى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە خىرىسلارغا ئومۇميۈزلۈك، دىيالېكتىك، تەرەققىيات نەزەرى بىلەن قاراپ، كەڭ ئەزالارنى ئىشەنچ ۋە ئىرادىنى چىڭىتىپ، ئىقتىسادنىڭ سېجىل ساغلام تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشقا يېتەكلەش كېرەك. ئىككىنچى، دىققەتنى نىشان - ۋەزىپىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، دىققەتنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان نۇقتىلىق مەسىلىلەر، دۆلەتنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەرقايسىسى ئۆز ئالاھىدىلىكى ۋە ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلار ۋە ھەرقايسى تەرەپلەردىكى ئىختىساسلىقلارنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، تۈرلۈك ئىختىساسلىقلار بايلىقى ۋە كەسپىي ئاقىللار ئامبىرىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلىتىپ، ئاساسىي بار، قىممىتى بار پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن ئەقىل كۆرسىتىش، كۈچ چىقىرىش كېرەك. ئۈچىنچى، ئىدىيەۋى يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، كەڭ ئەزالارنى ئىسلاھات - تەرەققىياتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش مۇساپىسىدە كۆرۈلگەن زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى توغرا تونۇش، توغرا مۇئامىلە قىلىش، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى تۈرلۈك خەۋپ - خەتەر ۋە خىرىسلارنى توغرا تونۇش، توغرا مۇئامىلە قىلىشقا يېتەكلەپ، چۈشەنچە بېرىپ گۇمانىنى تۈگىتىش، كەيپىياتىنى راۋانلاشتۇرۇش، زىددىيەتنى پەسەيتىش - تۈگىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

دىڭ شۆشياڭ، خۇ چۈنخۇا، يوۋ چۈەن، ۋاڭ يۇڭ، شياۋ جيې، خې لىفېڭ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەندىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشقان پارتىيە سىرتىدىكى زاتلاردىن يەنە چېن شياۋگۇاڭ، جېڭ جيەنباڭ، گۇ شېڭزۇ، ليۇ شىنچېڭ، خې ۋېي، شاۋ خۇڭ ۋە جياڭ زوجۈن، لى جيەنفېڭ، خۇاڭ رۇڭ، ۋاڭ مېيشياڭ قاتارلىقلار بار.